# سەۋرى قىلىش، مۇسىبەتكە تۇنجى ئۇچرىغاندا بولىدۇ

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قەبرىنىڭ بېشىدا يىغلاۋاتقان بىر ئايالنىڭ قېشىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ئۇ ئايالغا: «ئاللاھدىن قورقۇڭ، سەۋرى قىلىڭ» دېدى، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى تونۇماي: مەن بىلەن كارىڭىز بولمىسۇن، ماڭا كەلگەن مۇسىبەت سىزگە كەلمىدى،- دېدى، كېيىن ئۇ ئايالغا: ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىدى،- دېيىلگەندىن كېيىن ئايال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كەلدى، ئۇ يەردە قاراۋۇللارنى ئۇچراتماي، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كىرىپ: مەن سىلىنى تونىماپتىمەن،- دەپ ئۆزرى ئېيتتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سەۋرى قىلىش، مۇسىبەتكە تۇنجى ئۇچرىغاندا بولىدۇ» دېدى، يەنە بىر رىۋايەتتە: ئۇ ئايال كىچىك بالىسىغا يىغلاۋاتقان ئىدى،- دېيىلگەن

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆلۈپ قالغان كىچىك بالىسىنىڭ قەبرىسى بېشىدىكى بىر ئايالنىڭ يېنىدىن ئۆتتى، ئايال بالىسىنى بەك ياخشى كۆرگەنلىكتىن، ئۆزىنى تۇتالماي بالىسىنىڭ قەبرىسىنىڭ بېشىغا يىغلاش ئۈچۈن كەلگەن ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى كۆرگەندە ئاللاھدىن قورقۇشقا ۋە سەۋر قىلىشقا بۇيرىدى، ئۇ: مەندىن يىراق بولۇڭ، سىزگە ماڭا ئوخشاش مۇسىبەت كەلمىدى،- دېدى، كېيىن ئايالغا: ئۇ ئاللاھنىڭ ئەلچىسى،- دېيىلگەندە، ئۇ پۇشايمان قىلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىشىكىنىڭ ئالدىغا كەلدى، ئىشىكنىڭ يېنىدا كىشىلەرنى ئۆيگە كىرىشتىن توسىدىغان ئىشىك باقارلارمۇ يوق ئىدى، ئۇ ئايال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەھۋالنى ئېيتىپ: مەن سىلىنى تونۇماپتىمەن،- دېدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «ئىنسان ساۋاپقا ئېرىشىدىغان سەۋرچانلىق مۇسىبەتنىڭ بېشىدا قىلغان سەۋرىسىدۇر» دېدى

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/3295

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee